# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، خورما ياكى ئارپىدىن بىر سا سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن «رامىزاندا دېگەندەك رىۋايەتمۇ بار» بەزى ساھابىلەر ئارپا، خورمىنىڭ ئورنىغا يېرىم سا بۇغداي بەرگەن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن مەيلى چوڭ ئادەم بولسۇن

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، خورما ياكى ئارپىدىن بىر سا سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن«رامىزاندا دېگەندەك رىۋايەتمۇ بار» بەزى ساھابىلەر ئارپا، خورمىنىڭ ئورنىغا يېرىم سا بۇغداي بەرگەن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن مەيلى چوڭ كىشى بولسۇن ئوخشاش. يەنە بىر ئىبارەتتە ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلىش كېرەك دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارلىق مۇسۇلمانلار سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلدى. شۇ كۈندە يەتكۈدەك ئۇزۇق-تۈلۈكى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرز قىلدى،چوڭ-كىچىك ئەر- ئايال، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خورما ياكى ئارپىدىن بىر سا سەدىقە پىتىر بېرىشنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن. مۇسۇلمان بايلىرنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەللەرگە غەمخورلۇق قىلىش ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەدىقە پىترنى ۋاجىپ قىلدى. بۇ مەسئۇلىيەت ئائىلە ئىگىسى ۋە باشلىقىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇ كىشى ئايال بالا-چاقىلار ۋە قۇللارنىڭ سەدىقە پىترىسىنى بېرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4520